# كىمكى بىرەر نەرسىنى ئارىيەت ئالىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆلچىمىنى ياكى ئېغىرلىقىنى ۋە ئۇنى تاپشۇرىدىغان ۋاقتىنى ئېنىق قىلسۇن

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە، ئۇلار مېۋە - چېۋىلەرنىڭ بىر، ئىككى ياكى ئۈچ يىللىقىنىڭ پۇلىنى ئالدىن بېرىپ ئەمما مالنى نېسى قىلىپ سودا قىلىشاتتى. پەيغەمبىرىمىز: قانداق بىر ئادەم بىرەر نەرسىنى مۇشۇنداق نېسى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆلچىمى ياكى ئېغىرلىقىنى ۋە ئۇنىڭ تاپشۇرىدىغان ۋاقتىنى ئېنىق قىلسۇن، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە كەلگەندە، ئۇلار زىرائەت ۋە مېۋە-چېۋىلەرنىڭ ئەھلى بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر، ئىككى ياكى ئۈچ يىللىقىنىڭ پۇلىنى ئالدىن بېرىپ ئەمما مالنى نېسى قىلىپ سودا قىلىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تۈردىكى سودىنى ئالدامچىلىقتا ئېلىپ بارىدىغان، ساتقۇچىنىڭ قولىدا ئەمەس نەرسىنى ساتىدىغان (چەكلەنگەن) سودىنىڭ قاتارىدىن سانىماستىن، ئۇنىڭ توغرىلىقىنى ئېيادىلىدى. چۈنكى بۇ خىلدىكى سودا سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى شۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ زىممىسىگە ئالاقىدار بولىدۇ. لېكىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇئامىلىدە جېدەل - ماجىرا ۋە دەتالاشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشقا ئالاقىدار ئەھكاملارنى بايان قىلىپ: كىمكى بىرەر نەرسىنى نېسى قىلىدىكەن، ئۇنى شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھالدا ئۆلچەم ۋە مىقدارىنى، ئۇنىڭ تاپشۇرىلىدىغان ۋاقتىنى ئېنىق بەلگىلىسۇن، ئۇنىڭ مىقدارى ۋە ۋاقتى ئېنىق بولغاندا، جېدەل - ماجىرا ۋە دەتالاش ئورۇن قالمايدۇ. شۇنداقلا سېتىۋالغۇچى ئۆزىنىڭ ھەققىنى تېنچلىق بىلەن تولۇق ئالىدۇ، دېدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6079